1) ئيرتەلەب بوينگنى، قولاقلارگنى، تشلەرگنى ياخشيلاب يۇۋ! 2) ئش ئالديدا قوللارگنى، ئاشدان سوڭ تشلەرگنى يۇۋشنى ئو- نۇتما! 3) ئۇيقۇدان 3 - 4 ساعەت ئەۋۋەل تەعام قيل! 4) ميع - دەگگە دەم بير! (3 - 4 ساعەت ئوتكەزب تەعام قيل) 5) ئۇخلا- غاندا باشگنى بۈركەب ياتما! 6) كيملەرگنى ھەم ياتاقخانەگنى ھەف- تە سيگە بر مەرتەبە شامالات. 7) باشگنى، يۇز ۋە بەدەنگنى تازە تۇت! 8) كيمگنڭ يرتق ياماغينى ئۈزڭ قىل! 9) ئۈينى شپرشدەن ئە ۋ- ۋەل سۇ سيپب قوى! 10) تەعام ييديغان كـاسە، تەبەقلەرنى پـاك ۋە تازە تۇت! 11) مەكتەبدەن قايتغان ھەمانا ئشگە باشلاما! 12) ئۆز نيرسە لەرگنى دائم سەرانجاملاب يۇر!

بالالار ئۆز يغيلشلاريدا شۇندەي قەرارلار چيقارب، بۇ قونۇلغان شەرتلەرگە ريعايەت ئيتلشيگە نەزارەت قيلب يۇرماق ئۈچۈن ساغلقنى ساقلاش كەميسيە سى تۈزگەنلەر.

## II عائيلەدە بالالار دەرنەگى.

مەكتەبنڭ عائيلە بيلەن بر نيچە عەلاقە باغلاب يۈرگانيدان كيين ھەر ئۆيدە بالالار دەرنەكى تۈزش حۇقۇقى بيرلدى، ئالندى. بالالار ئۆز دەرنەكلەرينى تۈزديلەر. عائيلە لەرنڭ كوپيسيدە ئاتا ئانا لار ھەم بۇ ئشكە ياخشى قاراديلار. دەرنەك تۈزۈشدەن شۇ مەقسەدلەر باردر. 1 - بالاغا دەرنەك تۈزش ئۈچۈن بيرلگەن حۇقۇقنى مەحكەملەش، بالالار دەرنەكينڭ كەتتە لەر ئۈچۈن ھەم ئاڭ - بلم تارقاتش ئۈرنى بولۇشى لازم. حەقيقەتەن بالالار كەتتە لەر ئۈچۈن ھەم فايدالى ئشلەر قيلديلار. مەسەلەن: بر مەكتەبنڭ بالالارى، ئۆز دەرنەكلەريدە، كينت ميقياسيداغى ئولچاۋدان فايدالانب، بر ديسەتينە سەبزى يـا شالى چاچش ئۈچۈن قانچا چقم بولغنينى، شۇندەن قانچا كرم بولغانينى كورسەتە ديغان جەدۋەللەر تۈزديلەر. بۇندەي دەرنەكلەر بركوب عائيلە- لەردە ھەم تۈزلدى.

## III بالالارنى كوزەتش، تيكشرشدە عائيلەنڭ ياردامى.

مەكتەبدە ئوقۇيديغان بالالارنڭ ئۆيدەگى تۇرمۇشلەرينى، ئۈرگە- نش، بلش كيرەك. ئاتا - ئانا لار بالالارينى مەكتەبگە بيرگەن چاغلا- ريدا بالالارى تۇغريسيدا جودا كوب مەعلۇمات بيرە ئالاديلار. ئوت- كۈر، يالقاۋ، شاد، كوگلسز، سويلەمەيديغان، كوب قوشۇق ئەيتەديغان، ئۈى ئشلەرينى ياخشى كورۇب ئشلەيديغان، مال ۋە سيگـر بـاقشنى يامان كورە ديغان، ياش بالالارغا قاراشنى سۈيگوچى، كوب ئوقۇيدي- غان، ئەشيا لارنى ياخشى ساقلايديغان، ئورتاقلارى بيلەن ئۇرۇشماي- دى، مەكتەبگە بارش ئۈچۈن شاشمايدى، قامچى ۋە قايشدان قورقوب جۇدا ما ئيرتە تۇرادى. بەعزى ۋاقت ئۆيدە چاي ھەم ئچمەيدى كيتش ئۈچۈن ئجتهاد قيلادى.:. ۋەباشقالار.

ئاتا - ئانا لار تامانيدان بيرلگەن مەعلوماتلار مەكـتەب ئۈچۈن مۇھيم ئيكەنليگى ئۆزيدەن - ئۆزى مەعلۇم . . . . . مەكتەبگە كيرگوچيـ لەر توغريسيدە ئەنكيتە تۈزۈلۈشى كيرەك.

(شۇندەي ۋەزيفەلەر (بر براۋينى توغرسيدا) ئاتا - ئانـا لاريدان سوراب يازيب كيلش مۇعەللملەر تامانيدان خەت ۋە سەۋادى چيقغان بالالارغا يۈكلەتلەشى كيرەك. بۇ بر تەجريبە بۇلۇر. ئيدارە)

## IV - عائيلەنڭ تۇرمۇشينى ئۈرگەنش توغريسيدا.

عائيلە نڭ تۇرمۇشينى ئۈرگەنشدە مەكتەبنڭ ئەنچە گنە كـۈچلەر سەرف ئيتيشى لازم، ئەلبەتتە بۇنڭ ئۈچۈن بر مەرتە گنە بارب تانشش، قاراب چيقش يتمەيدى، ئۇزاق ۋاقتلار كۈزەتش لازم بولادر. پلاننڭ مەقسەدى - عائيلە نڭ تۇرمۇشينى ئۈرگەنش ھەم بالانڭ شۇل تۇر- مۇشدە ئشتراك ئيتشى شەرتلەرينى سناب بلشدر. ئالنغان مەعـۇ- ماتلارغا تايانب مەكتەب عائيلە بيلەن برلكدە ئۆز پلانينى تۈزەدى.

## عائيلەنى ئۈرگەنش سخيماسى (چاتقيسى)

فاميليە سى (لەقەبى) ئۆزينڭ ھەم ئاتاسينڭ نامى

تۇغۇلغەن يىلى بل .......... ئاى كۈن

ميللەتى

عائيلە نڭ تيلى

كمنكيدە تۇرادى ..........................

ئۈييدە كم-كملەر بار؟ قارنداشلارينڭ تەفسيلاتى ..........

ئەۋۋەلدە قايدا تۇرغان (شەھەر، قيشلاق، رايون)

قانداي قيلب مەكتەبگە كيرگەن ..........

ئول قايدا ئوقۇغان ..........

مەكتەبدەن چيقشى نڭ سەبەبلەرى ..........

عائيلە نڭ ئەۋۋەلگى تۇرمۇشى .......... ..........

عائيلە نڭ ميقدارى (كملەردەن عيبارەت) ..........

عونۋانى.

### I ماددى دائيرەسى.

1 - ئيشيك ئالدى: بويى، ئۆزۈنلغى، باقچا، سەبزەۋات، حيفـ-زى سەحەت جەھەتى، ماللارى، قوشنى ئويلەرى.

2 - حەۋلى: نيمەدەن سالنغان (ياغاچ، لاي، تاش) نيچە قا-بات، ئۆروچيلارنڭ ميقدارى، كيڭلگى، حيفز سەحەت جەھەتى.

كوب عائيلە ئۆرا ئۆرغانمى، ياتاقمى، مۇئەسسەسەمى، قانداي.

3 - نيچە ئويى بار، ميھمانخانەسى ۋە ئاشخانەسى بارمى؟

4 - ئورۇن - يير، ئوي ئچى، كورونوشى.

5 - كييم: كييمنى كييش، ( تازەلك، ئفلاس، ساقلاش ...... )

6 - ئاش: ئاش ۋاقتلارى ......

## بالانڭ عائيلەدە گى ئشلەرى.

### I - ساغلقنى ساقلاش.

هەر ئشنى ۋاقتيدا ئشلەش.
ئيرتە بلەن ئۆرۇش.
بيت يۇۋش.
حەممام ......
ياتش ۋاقتى.
كيمى (ئوست هەم ئاياق)
هەر كييمنى ساۋلاپ ئاليش.
ئەۋقاتى، قانداي نيرسەلەرنى كوبراق ييدى.
هەر كۈن نيچە مەرتە ئەۋقات ييدى.

### II - ئويون.

ئويدە ئويناياديمى ......
كملەر بيلەن ئويناي‌دى، يالغز ئويناياديمى؟ ......
ئويناي‌ديغان ئورنى.
قانداي ئويونلەرنى كوبراق ئويناي‌دى.

### III خزمەتى.

ئويدە مۇعديين خيزمەتى بارمى؟

ئول - خيزمەت - بر ئوزيگنە ئوتكەرە ئالاديغانمى، يۇمۇشلغى، مەجبۇرى مى؟ ئيمەسمى، ياللانب مى؟ ......

## عائيلەنڭ ئقتيسادى حالى.

1 - عائيلەنڭ كيريمى، - چقىمى (ئايلق. يللق).

عائيلە ئەعزالارينڭ ( هەر قايسى سينڭ ) كەسبلەرى، خيزمەت ۋاقتلارى، عۇمۇمى ياشاشلارى، قشلاق بلەن مۇناسەبەتى، ئيش حا-ققى؛ قوشومچا ئيش حاققى.

2 - عائيلە نڭ چيقيمى - راسخودى.

ئوقۇش - يازشنى بلوچيلك، كـتاب، گـەزيتە، خالق هەم فرقە ئشى.

سەنائيعى نەفيسە . . . .

ميھمانلار كوب كيلەديمى، ميھمانلققا كوب باراديلارمى، كەشتەڭ ۋە زييافەتلەرگە ئشتراك ئيتەديمى، قزيل چايخانە گە كوب باراديمى؟

## عائيلەدە دينى مەسئەلە.

3 - بالاغا مۇناسەبەت.

ئاتا بيلەن ئانا نڭ ئوز ئارا لاريداغى مۇنا سەبەتلەرى، ئانا بلەن بالالارنڭ ئارا سيدەگى مۇناسەبەت. عائيلە ئەعزا لاري بيلەن مۇنا-سەبـەت.

ئاتا - ئانا نڭ بالا تامانيدان ئشلەنگەن ئشلەرگە، حەرەكەتلەرگە ياخشى - يامان قيلقلارغا قاراشلارى، جەزا، ماقتاش.

بالانى كيم تەربيەلەيدى . . . . .
عەقلى - زهنى ئشلەريگە بالانڭ مەيلى بارمى . . . .
بالانڭ خيزمەتيگە قاراشى.
بالا نڭ خاملاگەن نيرسەلەرينى عەمەلگە ئاشيرشغا د يققەت قيليناديمى؟

### IV ئجتماعييات.

بالانڭ ئاتا - ئانا سيگە، ئاغا - ئينيلاريغا، سيڭـلى - ئاپا لاريغا ۋە عۇمۇمەن عائيلە ئەعزا لەريگە مۇناسەبەتى.

بالا عائيلە نڭ ئشلەرى توغريسيدا غى مەسئەلە لەرگـە ئشتراك ئيتەدۇرمى؟

ئورتاقلاريغا بولغان مۇناسەبەتى . . .
قوشنى لاريغا بولغان مۇناسەبەتى.
ئويدە كوب ۋاقت ئوتكەزەديمى؟
خەلق تەشكيلاتلاريغا ئشتراك ئيتە ديمى.

### V - زيهنى حەياتى.

بالا ئۇچۇن كتابنڭ رولى.
بالا نڭ مەنفەعەتلەرى.
بالا نڭ دينى مەسئەلە لەرگە قاراشى.
مەكتەبگە مۇناسەبەتى.
بالاغا بيرلگەن جەزا، ماقتاشنڭ تەئسيرى.
گۇگل ئاچيشى، ميھمانلار، تياترو، كينو، مۇزى ۋە باشقا لار.

## ئوقوغۇچيلارنڭ ياش بالالار بيلەن ئشلەشلەرى

(بر ئوقوتغۇچينڭ مەعروزە سيدەن)

مەكتەب بالالارى ساغلقنى سـقلاش ئشينى بر مەكتەب دائيرە-سيدە گنە قالدرماسدان ئونى بۈتۈن قشلاق ميقيا سيدا ئوتكەزشنى لازم تاپديلار. بۇنڭ ئۇچۇن ئۈچ دەۋرنى ئوتكەزش لازم ئيدى.

1) ساغلقنى ساقلاش قـاعيدە لەرينى مەكـتەب ئچيدە جارى قيلش.

2) شۇ قاعيدە لەرنى، ئشلەرنى بالالار ئارقالى عائيلەدە، ئاتا-ئانالارغا ئوتكەزش هەم كانترول.

3) يەنە شۇ قاعيدە لەرنى مەكتەب بالالارى ئارقالى ئولەرنڭ ئوز ئشلەرى قيلب ئويلەريدە گى كچكنە بالا لار غا ئوتكەزش، عەينى ئشلەرگە ئولارنى دا عادەتلەندرش. شۇل پلان بوينچا ئشكە كري-شيلدى هەم بۇل ئشنڭ نەتيجە سى ئوزاقغا چوزولمە سدەن سيزيلە باشلادى... مەكتەبدە ئوقۇغوچى بالالار تاما نيدان كچكنە بالالارنى ئويۇشدرش، ئو لار ئـارا سيدا ئشلەشنڭ ئـەهمييەتى جۇدە كەتتە. برنچيدەن - ياش بالا لار مەكـتەبنڭ مەدەنى تربييە سى تەئسيريگـە

كيرەديلەر. مەكتەبدە بالالار عائيلە لەريدەگى ئۇرۇش - سوكوش، دينى تەعەسسوبلەرگە قارشى بولغان فكرلەر، سوزلەر، حەيات بلەن تانشاديلار، مەكتەبدە ئۇلەر ئاچق يۇز خۇش چراي كورمەيديلەر. شاد، بەختلك، ئشچەنلك كورۇب ئۇزلەريدە ۋاقتلارينى شاد ئوتكەزەديلەر.

ئيكنچى دەن - مەكتەبدە ئۇل بالالار ئۇيۇشقان خەلق ئشلەرى بيلەن تانشاديلار، عەقل زيهنلەرينى تەرەققى ئيتدرەديلەر. قشلاق بالاسى ئۇچۇن بۇ جۇدا كەتتە فائيدە. مەكتەب ئۇچۇن هەم ياش بالالارنڭ مەكتەبگە كرمەسدەن ئەۋۋەل فكر، زيهنلەرى تەرەققى ئيتشنڭ ئەهەميەتى كەتتە. ئۇچنچى دەن - ياش بالالار بيلەن ئشلەشنڭ ئوقوچيلار ئۇچۇن هەم ئەهەميەتى كەتتە. ئرقوچى - ئۇيۇشتروچى، ئوقوچى خەلق ئشچى سى، بزنڭ حازرگى دەۋريمزدە بۇل ئشگە بەها قويۇش هەم قيين - ئۇل شۇل قادارلك كەتتە ئەهميەتلك ئش. حەتتا قشلاقدا بالالار باقچاسى بولغان چاغدادا مەكتەب بۇل ئشنى باقچا بيلەن برگە ئالب باريشى كيرەك - قشلاق مەكتەبلەريدە بينالار - يامان. لاكين ئشلەشكە تلەگەن مەكتەب ئۇچۇن بول سەبەب جۇداما كچكنە - هەفتە سيگە بر نيچە ساعەت بولسا هەم، حازر باشلاب ئشكە گرشش لازم، ياز، بەهار كۇنلەريدە بولسا ئشنى كيڭەيترش مۇمكندر.

## ئاخرگى سوز.

مەكتەب، يەڭگى تۇرمۇش تۇزش ئشينى يالغۇز باجارا ئالمايدى. بەلكى بالانى تەربييە ئيتكۇچى ئۇيۇشمالار (عائيلە، بالالار ئۇيۇشماسى هەم خەلق تەشكيلاتلارى) بيلەن برلكدە گنە ئۇل مەقسەدنى ئوتەب ئالادى.

**عائيلە بيلەن برگە ئشلەش،** بالانڭ عائيلەدەگى تۇرمۇشينى تەرتيبكە سالش ۋاسيتەسى بيلەن گنە مۇمكندر. مەكتەب، بالالار باقچاسى ۋە غەبرلەرى بۇ ئشگە ياردامچيلار، يول كورسەتكۇچيلەردر لەر.

**ياش بالالار بيلەن ئشلەش:** بالالارنڭ بالالارغا جۇدە كەتتە تەئسيرى باردر. شۇنڭ ئۇچۇن شۇ ۋاسيتەگە مۇراجيعەت قيلماق كيرەك. بالالارنڭ ئيڭ كوچلى عونسۇرلەرينى ئۇيۇشدرغان كەششاف هەم كامسامول تەشكيلاتلارى مەكتەبنڭ بۇ ئشيگە جۇدە كەتتە ياردام بيرەديلەر.

**خەلق تەشكيلاتلەرى بيلەن ئشلەش،** مەكتەب ئۇزى يالغۇز باجارا ئالمايدغان ئشلەرنى خەلق تەشكيلاتلارينڭ ياردامى بيلەن باجارا ئالادى. خەلق تەشكيلاتلارى بولغان كەپيرەتيفلەر، كەسەبە سايۇزلارى ۋە باشقالار تەربييە ئشيگە كەتتە ياردامچى درلار.

مەكتەبنڭ خاص شەهەر ۋەخاص قشلاقدا بۇتۇن بالالارنڭ مەنفەعەتينى كۇزەتيشى ۋە بۇنى ئوزيگە مەقسەد قيلب ئاليشى لازم. تۇرمۇشنى تۇزۇشدە ئشتراك ئيتش مەسئەلەسى كچكنە بر نيرسە ديك كورۇنسە هەم ئەسلدە فەۋقولعادەدە كەتتە ۋەمەسئوليەتلى بر ئشدر. پيداگوگييە تامانيدان هەلى ياخشى يشلمەگەن، ئۇسۇلگە كرگزلمەگەن بر مەسئەلە بولغانيدان، ئوقوغۇچيلارنڭ بۇ ئشكە كەتتە ديققەتلەرى، بۇ توغريدا ئەترافلى تيكشرشلەرى، ئويلەشلەرى لازمدر.

پراغرامما لاريمزداغى ئشلەرنى حەياتگە ئوتكەزشدەكى ياڭلشلاريمز تۇرمۇشنى بلمەگەنيمزدەن كيلب چيقغان نيرسەلەردر. تەربييە مەسئەلەلەرگە ياخشى ديققەت قيلساق ئۇلارنڭ هەممەسينڭ ئقتسادى، سياسى - تۇرمۇش مەسئەلەلەرى بيلەن باغلق بولغانلقلارينى كورەمز. پراغرامما مەسئەلەسيگە هەم شۇ كوز بيلەن قاراغاندا غنا، ئۇل ئەساسلى بولادى.

ئۇيۇشغان ياشلارنڭ هەم خەلق بيلەن برگەلەشب، ئالديمزدا تۇرغان عەمەلى ئشلەرگە ئارالاششلارى لازم.

بۇ ئشگە بز حازرگنە كرشمەكدەمز. هەلى بۇ ساحەدە تەجريبەمز جۇدە ئاز. شۇنڭ ئۇچۇن كەتتە ديققەت بيلەن ئشكە كرشمەك لازمدر.

---

# مەكتەبدە سەنعەت دەرسلەرى [*]

## II نچى باسقچدا تەسۋير سەنعەت ئوچون ريجە ۋە تەعليم يولى.

عومومەن ئيككنچى باسقچ ئوقوغۇچيلارنى ئايرم مۇتەخەسسلككە ئوندەش دەۋريدر. تۇرلى ئاقدا بارادىغانلار ئۇچۇن عومومى دەرس پراغرامماسى ئوزگەرگەنيدك، گوزەل سەنعەت دەرسلەرى هەم ئاتملارغا قاراب (مەسەلەن: قشلاق خوجالغى. گوزەل سەنعەت، سەناعەت، ئجتماعى ۋە سيياسى ئاقملار) بر ئاز ئوزگەرەدى.

II نچى باسقچ ئرقوغۇچيسى برنچى باسقچداغى عومومى دەرسلەردە قانچا مەعلومات كەسب ئيتكەن بولسا سەنعەت دەرسلەريدە هەم شۇنچە مەعلومات ئيگەسى بولوشى لازم. چونكى رەسمدە هەم برنچى باسقچدا كورسەتلگەن ئەساس ۋە قاعيدەلەر تەكرارلانماسدان، توغريدان-توغرى ئيككنچى دەۋرگە ئوتيلەدى.

### II نچى باسقچ نڭ 1 ۋە 2 نچى سنفلەرى ئوچۇن

I رەسم ۋە قول ئشلەرينى قاعيدەلك ئشلەشكە ئورگەتش،

ئ) كوزگە كورۇنگەن هەر بر سەتحى (تيكس) نيرسەنڭ ئيركنلك بيلەن خامەكى رەسمينى ئشلەش ۋە قاعيدەلەرگە رعايە قيلش. (جوزئى نوقتەلەرئيعتبارگە ئالنماسادامۇهم چزقلارغا ديققەت ئيتلش لازم)

ب) كوزگە كورينەديگەن هەر بر حەجمى (گەۋدەلك) هەندەسى شەكللەردەن خامەكى رەسملەر ئشلەش.

ج) تۇرلى مۇرەككەب شەكللەردەن كورب ئشلەش (تەييار رەسمدەن كوچيرش ئيمەس.)

د) ئشلەنگەن رەسمنڭ سايە چيگەرەلەرينى مۇكەممەل ئاجراتب بوياش (كولەگە بيرش) ياكى توغرى چزقلار بيلەن تولدرش (Штриховка)

II- خامەكى لايحەلەر چزش ياكى ميقياسلك پلانلار توشيرش ئۇچۇن تۇرلى گەۋدەلى نەرسەلەردەن ئشلەب، تەجريبە ئوتكەزش.

III- مەنزەرە ۋە شەكلەر چزشدا ئوزاق-ياقن قيلب كورسەتش قاعيدەسى переспектива نى ئورگەتش. (تۇرلى كورينشلەردەن رەسم توشيرب، قاعيدە بويونچا ئولارنڭ سايە ۋە چيگەرەلەرينى ئاجراتا ئالش.)

IV- مەكتەب دەرسلەريگە عائيد سخيما ۋە دياگراممالارنى ئولچاۋ بيلەن ئشلەب چيقارش.

V- چرايلى، كەتتە حەرفلەر يازا ئالش.

VI- مەكتەبدە، ئويدە، ئش خانەلەردە قوللانلاديغان ئەسبابلارنڭ ئچكى ۋە تشقى كورينشلەريدەن رەسملەرينى توشيرش.

---

[*] باشى 10، 11 ۋ 12 نچى سانلاردا.

## III نچى سنفدە

### (ئقتساد ــ سەناعەت ئاقيميدا)

مەڧتدە بر ساعەت بولوش ئېعتبارى بيلەن تەسۋيرى سەنعەت توغريسيدا توبەندەگيچە مەلەكە حاسل ئېتدريشى لازم:

تۈرلى ديئاگراما، سخيما ۋە گوزەل حەرفلەرنى ئوستالق بيلەن باجارش. هەر تورلى مەينە قدرتە (ماللار ئۆستيگە ياپشدريلاديغان قاغازلار) پىريسكورەنت، ئېعلانچەلەر ئشلەپ ئالش

تبىى ئاقمدا

حەيۋانلارغا عائيد تۈرلى رەسملەر تۈزە ئالش،

حەيۋان-لار ۋە ئنسان-لار سوبەگيدەن قارب رەسملەر تۈشيرش.

بەكنرييە رەسملەرى ئشلەش ۋە بۇلارغا عائيد ديئاگراما ۋە ئسخيـمەلەر تۈزش.

## تەعليم ـ تەربييە ئاقيميدا

كيلگۈسيدە ئوقوتغۇچى بولاديغان هەر بر ئوقوغۇچىنڭ پسيـخالوگيە، پيداگوگيـيە عيلميدەن خەبەردار بولوشىدىـك بالاداغى روخى حالەت ۋە قابلييەتنى ياخشى تەسۋير قيلاديغان رەسم ۋە قول ئشلەرى توغريسيدا هەم مەعلومات ئاليشى لازمدر. تەعليمـتەربييە يوليدا بارديعانلارنڭ مەنە شۇ مەسئەلەلەردەن خەبەردار بولوشلارى لازم:

1) بالاداغى رەسم ۋە قول ئشلەريگە بولغان قابلييەتنـى تيگشرە ئالش، 2) تەسۋيرى سەنعەتگە عائيد تەعلمنڭ ئەهەمييەتى، توتغان مەۋقيعـى توغريسيدا مەعلومات ئالش ۋە هەـ مەكتەبدە گوزەل سەنعەت تەشكيلاتينڭ ئەهەمييەتى-مەۋقيعى ۋە ئونگە كيرەكلك ماتيرياللاردان خەبەردار بولوش، ئوچونچى سنفدە رەسم دەرسنڭ تەعليم ۋە تەربييەدە شۇندەي بر يول تۇتۇشى لازم:

1) رەسمنڭ قاعيدەلەرى بيلەن تانشماق ئۈچۈن مەكتەبدەگـى قارا تاختادا، مەعلوم مەۋزوعلەردە رەسملەر توشيرشنى مەشق قيلش. 2) قول ئشلەرى توغريسيداغـى تەعليمدەن خەبەردار بولوش ۋە بەعزدەن عەمەلى ئشلەرى باجارش. (برنچـى باسقچنڭ باشلانغـچ سنفلاريدە رەسم ۋە قول ئشلەريگە رەهبەرلك قيلا ئالاديغان بولـسون.)

VI نچى سنفدە هەم ئوچۈنچيدە بولغانيديك ئوقوغۇچينى مەلەكەـلەندرش ۋە تەعليمدەن خەبەردار قيلش يولى بيلەن باريلادى.

## قشلاق خوجالىغى ۋە كەپيرەتيف ئاقميدا تەسۋيرى سەنعەت

تەسۋيرى سەنعەتدە قشلاق خوجالىغى ۋە كەپيرەتيف ئۆكلونيدە بارغان چاقدا كوبراق رەسم، پلەكەتلەر، ديئاگرامالار چزش لازم بولادى. شۇنڭ ئۈچۈن دەرسلەرنـى شۇ ئاقم بيلەن ئالب بارغان چاقلاردا فەقەت ريجەدە كورسەتلگەن مەۋزوعلار بيلەن چيگەللەنمەسدەن مۇمكن قەدەر شەرائيتگە قاراب، يەنگى مەۋزوعلار تاپب، ئوقوغۇچينى ئشلەتش كيرەك. مەسەلەن مەكتەبگە ياقن قشلاق خوجالق كەپيرەتيفلەريگە ياسالغان سەياحەتلەردە قولغا كرگزلگەن بەعزى عەدەدلەردەن چرايلى ديئاگراما ۋە پلەكەتلەر حازرلاش.

بۇندەن باشقا چزماچيلق (چيرچينيە) تيخنيكەسى بيلەن هەم ئوقوغۇچيلارنى تانشدرش، ئولچەۋ ئەسبابلارينى قوللانش يوللارينى ئورگەتش لازمدر.

8 نچى ئوقوش يليدە 2 ساعەت تەسۋيرى سەنعەت دەرسلەرى بولادى. بۇندا قشلاق خوجالىغى ئاقيمى تەعقيب ئېتلگەن چاقدا شۇ قويبداغى نيرسەلەرگە مەلەكە حاسل قيلش لازم. قشلاق خوجالىغى ديمەك بيلەن خاترمزگە دەرحال قشلاق خوجالىغـى ئونۇملەرى كيلەدى. شۇنڭ ئۈچۈن باشلاب نەباتاتلارغا عائيد رەسملەر بيلەن تانشماق كيرەك. مەسەلەن تۈرلى ياغاچلار، ئولەرنڭ بەرگلەرى، گوللەرى، شاخلارى، ئلدزلارى، ميۋەلەرينڭ رەسميـنى ئوخشاتـب تاييارلاش. هەم نەباتاتلارغا عائيد گوزەل سخيما ۋە ديئاگرامالار تۈزش. يەنە قشلاق خوجالىعى قوراللارينـڭ تۈرلـى رەسملەرينـى تۈشيرش.

9 نچى ئوقوش يليدە تەسۋيرى سەنعەت ئشلەريگە تاغن جدـديرەك ۋە عەمەليرەك كرشمەك كيرەك. چۈنكى بۇ يل ئوقوش يلينڭ ئاخيرى حيسابلانادى. بۇيل قشلاق خوجالىغى ماشينەلەردەن (شامال ماشينەسى، ترەكتر، مالە، تيگرمان ۋە باشقالار) رەسملەر تۈشيرش، بۇلار بولماغان جايلاردا جايدارى ئەسبابلارنڭ رەسملەرى تۈشيريلب، ئولارنڭ كەمچيلكلەرى كورسەتيلسۇن.

مەكتەب دەۋام ئېتب تۇرغان جاينڭ قشلاق خوجالىغىغا عائيد حيسابلارنى يەغب مۇكەممەل ديئاگراما تۈزمەك كيرەك. مەسەلەن، ئوشەل قشلاقنڭ بايلغى، نەباتاتى، حەيۋانلارى، ئونۇملەرى، خەلقينڭ ديهقان، كاسب ۋە ئشچيلەرگە تەقسيمى ۋە يا قشلاقدا بولغان ئۆسـكونەلەر، كەپيرەتيف، مەكتەب، قرائەتخانە ۋە قولۇب بنالارينڭ رەسملەرينى تۈشيرش ۋە ئولارنڭ مۇكەممەل پلانلارينى حازرلاش.

### چزماچيلق (چيرچينيە)

II نچى باسقچنڭ سوڭغى سنفلەريدە ئېڭ نازۇك دەرس چزـماچيلق دەرسيدر. بز بۇندا چزماچيلقڭ ئيككى ئۆكلونى توغريسيدا قسقاچا سويلەب ئوتمەكچيمز چزماچيلق ئشى ريبازييات دەرسلەرى بيلەن جۈدە ياقندان باغلق بولغانيدان ئونڭ ئاسغلارى توغريسيدا سويلەب ئوتورماق ئارتقچادر.

برلەشكەن ئش مەكتەبلەرينڭ 8 ۋە 9.چىسنفلەريدە گوزەل سەنعەت ئۆكلونيدا چزماچيلق دەرسلەرى ئاليب بارلغان چاقلاردا شۇندەي مەلەكە حاسل قيلش لازم. 1) چزماچيلق تيخنيكەسى بيلەن تانشماق، ـبۇنڭ ئۈچۈن باشلاب چزماچيلقغا كيرەك ئەسبابلار، (چزغچلار، مانقالار، پەرگار ۋە باشقالارى) بيلەن ياخشى تانشب، هەر تۈرلى هەندەسى چزقلار، بۇرچەكلەر، تۈرلى توگەرەكلەر، مۇۋازى ۋە مۇتەناسب چزقلار، چزدرش ۋە ئولەرنڭ تەقسماتيغا عائيد قاعيدەلەرنى بلدرش.

2) شەكللەرنڭ پلانينى تۈزش، قاعيدەلەرينى بلگيلەش، سايە (كولەگە) لەرينى چزش، كۆدەلك شەكللەرنڭ ئالدان ۋە ئارقادان ۋە كيسك حالدە ئالاديغان قييافەتلەريدەن پلانلار چزش ئوسۇللارينى كورسەتش. بالنا، توقماق ديك عاددى قورالار ۋە ماشينە بۇلەكلەرينڭ چزماچيلق قاعدەلەرى يۈزەسيدەن لايحەلەرينى چزش، هەم سايە چيگەرەلەرينى بلگيلەب بوياش.

3) ئولچەۋلك گوزەل پلەكەتلەر تۈزش ئۈچۈن مەكتەب حەياتيغا عائيد تۈرلى عەمەلى ئشلەر باجارش، گرافيكە قاعيدەلەريگە مۇۋافق گوزەل شريفتلەر ۋە چرايلى رەسملەر بيلەن بيزەتش هەم مەعقول رەڭلەر بيلەن بوياش. (بۇندە فەقەت چزماچيلق قاعيدەلەرى يۈزەسيدەن، ئولچاۋ بيلەن ئشلەمەك كيرەك)

## تيخنيكە ۋە سەنعەت ئاقسىداغى مەكتەبلەردە چزماچيلق.

8 نچى ئوقوش يليدەن باشلاب بۇ ئاقمدا باراديغان چزماچيلق ئىشى تاغن جددي رەك بر تۇس ئالادى. چۈنكى بۇ ئاقمدا باراديغان كىسەلەرنىڭ تيخنيكە ۋە سەنعەتدە قامرامان بولوب يتشمەكەريگە شوبهە يوقدر. مۇندەريجەسز ئەدەبييات بولماغانيديك، ريجە ۋە پلانسز تيخنيكە هەم بولمايدى. هەر بر تيخنيكە ئيجادينىڭ هەممەدەن ئەۋۋەل لايحەسى يۈزيلەدى شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئاقمداغى ئوقوغۇچيلارنىڭ چزماچيلق قاعيدەلەريگە ديققەت قيلشلارى لازم. چزماچيلقنىڭ سەناعەت، ۋە تيخنيكە ئشلەريدەكى ئەهەمييەتى، تۇتغان مەۋقيعى ۋە ئونداغى ئوستالقلارنى ئوزلەشدرب ئۆۋۋەلگى ئاقملاردان كورە مۇرەككەبرەك ئەرسەلەردەن عەمەلى ئىشگە باشلاش لازم.

4 نچى سنفدەگيسە هەر ئەرسەدە ۋە هەر دەرسدە «بولەكلەنش» لازمدر، شۇنىڭ ئۈچۈن چزماچيلق ئىشيدە هەم هەر ئەرسەنى باشقى توشونب عەمەلى ئىشدە ئاقساماديغان بولوش لازم.

بز شۇ ئۈچ مەقالەدە تەسۋيرى سەنعەت توغريسيدا كورسەتگەن ئيرسەلەريمز جۇدە قسقا بولوب، فەقەت قاعيدە ۋە مىساللاردانغنا عبارەت بولدى. عەمەلى ئىشلەش ۋە بەعزى ئىشلەرنى مەكتەب حەياتيگە تەتبيق قيلش مۇعەللملەرنىڭ ئوز ئختيارلارى بيلەن باجاريلادى.

لينينگراد، ئيسكەندەر.



ئەرغانە خاتن ـ قزلارنىڭ ئاچلشلاردا بىرنچى قەدەم .



# ئەدەبىيات



## ئۈزالغان قول...

قولمدان ئارتماقچى بولدىمى؟
شۇ كېتسز گردابدان قۇتقازب
قرغاقغا ئاتماقچى بولدىمى؟
كم ئۇزى-مىن كبى يول ئازب
ئاداشقان يولچىغا قول بېرگەن
ۋە يورغون كوزلەرگە تېلمرگەن؟

~~~~~

چارچاغان قاناتم كۈچ سېزدى.
يەنەمى كۆكلەرگە يۈكسەلش؟
يەنەمى كوڭلدە تېبرەنش؟
يولمدە بر فەنەر كورگەزدى
يەنەمى يولچىلق باشلايمېن
ۋە ساۋۇق مەسكەننى تاشلايمىن؟

~~~~~

مېن ئۇنگە كېچمشدەن-ئەلەملى
ئەفسانە وەرەقلەب بېرەين.
عەسەبى، شكۋەلى ۋە غەملى
داستانچى روحىغا كىرەين.

~~~~~

سز ئۇنگە ئەيتڭز: تڭلاسن
قالتىراق قىللارنڭ زارىنى...
قالتىراق قللارنڭ، يارىنى
يوقاتقاچ ئېزىلب ئگلەشن...

~~~~~

ئەيتىڭز: تڭلاركەن كوزلەرى
مەرحەمەت نۇرىگە بۇرنسن!
بۇزىدە قزغانش ئزلەرى
ئالاۋداى قىزارب كورنسن!

~~~~~

باشلادم شكۋەلى چوپچەكنى
قرغاقدان چوزلغان قوللارغا.
ۋە بەلكى كرمەگەن يوللارغا
كرەرمېن ئاقتارب ئستەكنى!..

چولپان

14 ئوكتەبر، 1926-مەسكەۋ.

## ياش قەلەملەردەن.

### ئاپامغا.

ئايدىن-مەنزورە.

كملەرنى قارغاب،
غەملى قارايسەن؟
«سرەداشڭ مىن-مەن
ئەيت، مىنگە ئاپا،
كم قيلدى جەفا؟..

~~~~~

يوزلەرڭ سولغن
كۆلب قاراماس.
تلگدە بر سوز
تاشب چيقالماس.

~~~~~

بەعزەن دوداقلار
ئەلەمدەن سوزلەر
يورەكدە خەنجەر،
داغىنى ئېسلەر.

~~~~~

ياشلار ئقارمى،
عوسيانغا كيلمەى؟
يۈزلەر سولەرمى،
بەمارنى كورمەى؟

~~~~~

ئېركن كونلەردە،
يىغلەب ئوترمە!
دەردڭ دەۋاسن،
حېسسزدەن سورمە!

~~~~~

سينى كورگەندە قايناب تاشامىن...
مەعنەت تاشلارن برگە ئاتامىن...

# چن تۇرمۇشکە ئېندی چقدم.

ف. رەحمان.

بۈتۈن بارلقنی قەمرو غەزەبی ئېلە ئوراب ـ چمغاب ئالغان قش، باروبوغن کونەردیدە ئوز یولیغا قایتب کېتدی، چۈنکی، ئۇنی برنەرسە مەجبور ئېتکەن کەبی سەزیلەر ئېدی.

عەسرلەر بویی کوك یۈزینی قاپلاغان ۋە ئەترافگە زۇلمەتداۋلینی یاغدرغان قاپقارا بۇلۇت، قۇیاشنك کۈچلی یاغدۇسی ۋە باھار ییلینك سۈروشی بیلەن قایسی بر تامانلارغا مایدالدی... کوك یۈزی ئاچلدی، قشنك قەمـروغـەزەبی ئاستیدا ئایاق ـ ئاستی بولغان ییر، ـ کېـك کوکرەگیگە گوزەل گیلەمنی یاپدی. یارۇغلقتا تەشنە بولغان ئوسملکەر ـ کېك تەبیعەت قۇیاش ۋە باھارنك کۈلب، ئېرکن قاراشی بیلەن یەنە یەسەنشدیلەر. .

ئۇ قش ـ عادەی قش ئېمەس، ئۇ بۇلۇت، ئوتکۈنچی تەبیعی بۇلۇت ئېمەس ئۇ، قش ـ گۈنامسز بەنـدەلەر ئۈچۈن یاراتـلغان بر تۇزاق. ئۇ بۇلۇت مەزلوملەر بەختنگە قارشی یاراتلغان بر پاخسا.

ئۇ، قۇیاش، کۈندە چقادرغان قۇیاشلاردان ئېمەس، ئۇ، باھار یلدە کېلەدرکان باھارلاردان ئېمەس.

ئۇ قۇیاش، بەخت ـ سەعادەت نشانەسیدۇر.

ئۇ باھار ـ ئازادلق ئېلغاریدر،

قاراڭغی تۈنلەر، ساناقسز ئاغر کۈنلەرنی کۈچسز کوز یاشی‌بیلەن قارشی ئالادیغان سولغۇن کوزلەر بۇ کۈن ئەبەدی بر مەسرۇریەت بیلەن چاقنایدی. تۇرمۇشکە، چن تۇرمۇشکە کۈلب قارایدی.

سەعید، مەنە شۇ چاقناغان ئۈمید بیلەن تولغان یاش‌کوزلەردەن، چن تۇرمۇش ئېگەلەریدەن بتتەسی.

ئۇ، بۇ کۈن تۈنلەری بیغلاب، کۈنلەری ئڭلەب، یالغز کیچکنە بر باشی بەختسز کۈنی ئۈچۈن قایغرادیغان ئوکسوز ئېمەس، ئۇ ئېرکلی ئرادەلی، ئوزینی‌گنە ئېمەس کوبلەرنی قایغرادیغان، یاقنـنی ئېمەس ئۇزاقلارنی کورە تۇرغان ئوچلی، عسیانلی کۈرەشچی!

ئۇ، چندەندە سەعید، ئۇنك یۈرەك تامرلاری شادلق ۋەئېرکنلك بیلەن ئۇرادی.

ئۇ، ئوتکەزگەن قارا کۈنلەریگە، قارا کۈنلەرینی باشیـغا ئەبەدی سایابان قیلشغا ئستەگـەن حسسز خوجالاریغا نەفرەتلـەر ئوقۇیـدی. کېلگۈسینی ـ قۇلاچ ئاچب ئالقشلایدی.

ئۇنك، ئش، دەرد ئۈمید بیلەن یەشنەگـەن کوزلەری مەعـنالی قاراشی بیلەن: «چن تۇرمۇشکە ئېندی چقدم!» دیگـەن مەزمونـنی ئاڭلاتاردی.

---

## كۈز تەرانەلەری.

ن. رەحیمی.

زەوق، خەیالم کوکن یەنە قاپتی
قاپقارا بر بۇلۇت، ئاغۇلی بۇلۇت.
نازلی بینلەرنی کۈز، یەنە یاپتی
تیز ییتش ئەی بەھار!
ئېتمە ئونۇت...

~~~~~

نازلی، زۇمرەد کۈلۈشلی یاپراقلار،
تاتلی، دلبەر باقشلی ئاپپاقلار...
یەنە شیعرم کەبی ییتب قالدی،
یەنە سیۆگم کەبی بیتب قالدی.
یەنە بیللەر ساۋۇقلانب، ئگلەر
قارغالار شادلانب ئۈنی نگلەر
یەنە کوك چیھرەسی تۇزانلی یەنە،
بەنە لەبلەر ئەلەم-فیغانلی یەنە...

~~~~~

یوق: بۇ سولماق-خەزان ئېمەس مەنگی
كۈز-ۋ-قشدان یەنە باھار-یەنگی...



# فەننى تېكشىرشلەر.

## تۈرك ئەدەبىياتى تەئرىخى تەدقىقلەرىدە يەڭگى بر ساحە

(مۇباحەسە يولى بىلەن) ع. نازىم.

تۈركولوژىنىڭ بو كۈنكى ۋەزعىيەتى - ئېسكى ۋە يەڭگى نەسل ياخۇد يەڭگى ۋەزىپەلەر - حازرغاچا بولغان ئىشلەر - تۈرك ئەدەبىياتى تەئرىخى تەدقىقلەرى بولىدا - داخىلى دىئەلىكتىكە ۋە خارىجى حەيات - مۇجەررەد مەدەنىيەت بارمى؟ - مەدەنى عۇنسۇرلەر مۇبادەلەسى ۋە ياخۇد تۈج ئەساس - بۇ يولدا قانداي ئىشلەر ئىشلەنگەن؟ - ئۇزاق ئۆلكەلەرنىڭ ياقن قرشىلىغى - نەۋايى ۋە گۈرجى ئەدەبىياتى - عەمەلى نەتىجەلەر ۋە كېلگۈسى رىجەلەر.

1.

### تۈرك ئەدەبىياتى تەئرىخى تەدقىقلەرىنىڭ بۇ كۈنگى ۋەزعىيەتى

تۈركولوژىنىڭ بۇكۈنگى ۋەزعىيەتى جۇدە مەراقلىدر: ئاينوقسا تۈرك خەلقلەرىنىڭ تۈركولوژىگە بزات ئىشتراكلەرى ۋە يەڭگى تەدقىق مېتودلارى قولغا كرگزلگەنى بۇ ئىشنى بۇتۈنلەي ئايدىنلاشترادى. ئېسكى تۈركولوژى نەسلى، بۇيولدا جۇدە قيمەتلى، جۇدە كەتتە ۋە جۇدە ئۇنۇتۇلماس خدمەتلەر قىلغانى حالدا بۇتۈن مەسئەلەلەرنى بىشەئالا ديغان تولا ۋە مۇكەممەل ئەسەرلەر ياراتا ئالماغاندر. بۇزا ما نغاچا ياسالغان تەدقىقلەرنىڭ بر كوپى (شۇبھەسزكى ئېچلەرىدە جۇدە قيمەتلى عيلمى ۋە رەھبەر بولاديغان ئەسەرلەر ھەم باردر) كېلگۈسى تەدقىقلەر ئۈچۈن يالغوز ماتېرىيال ۋەزىفەسىنى ئۆتەي ئالادى. شۇنىڭ ئۈچۈن بو يولغا گيرە ديگەن ياشلارنىڭ ھەر نەرسەدەن بۇرۇن بۇلارنى مەعقۇل تاپش بدرابەرىدە تەدقىق يوللارى ۋە ئۇسۇللەرىندە قىدرشى كېرەكدر.

بۇ حال، تۈركولوژىنىڭ لىسانىيات، تەئرىخ ئېتنوگرافى... ۋە باشقا ساحەلەرىدە بولغانىدىك، ئەدەبىيات ئەئرىخى جەبھەسىدە ھەم بۇندايدر. بۇ ساحەدە بز ئاۋروپالىلاردان مەسەلەن «گيب»نىڭ، ھاممەرنىڭ، ئىسمېرنوفنىڭ، ھارتماننىڭ، مەنتەسەلنىڭ، غوردلەفسكى نىڭ، ۋامبەرى نىڭ كاۋالسكى نىڭ ۋە تۈركلەردەن عەزىر عۇبەيدۇللىن ۋە ع. رەحيم لەرنىڭ، سەعدىنىڭ، ئىسماعيل حكمەتنىڭ؛ ھەمدە ئەسەرلەرى بىلەن بۇ كۈنكى تۈرك ئەدەبىياتى تەدقيقلەرىدە جۇدە يۇكسەك يير تۇتا ديگەن كۆپرولوز دە مۇحەممەد فۇئادبىكنىڭ ئەسەرلەرىنى بلەمز ۋە يەنە ئولاردا تۈرك ئەدەبىياتىغا تيگشلى مەسئەلەلەرنىڭ بوتۈنلەرى ۋە تولا چزلمەگەننى ھەم كورەمز. بر تاماندان بۇ عىلمنىڭ بزدە ھەلى ياش بولغانى ئېككنچى تاماندان بولسا تەدقيقلەردەگى مېتودلەرنىڭ ۋە غايەلەرنىڭ نۇقسانلى بولوشى بۇ نەتىجەلەرنى توغدرغاندر كم، بۇنى ئېنكشاف ئېتە ديگەن ھەر عيلم كورگەندر. بۇندان باشقا بز تۈرك ئەدەبىياتلارى تەدقيقى بولىداحازرغاچا يازىلا كېلگەن ھەر تۈرلى ئەسەرنى بۇ عيلم ئېنكشافىنىڭ مۇعەييەن باسقچلارى حيسابلاب، مۇئەللفلەرىگە ھيچ بر عەيب قوشماقچى ئېمەسمز. تەنقيد بولسا تەبيعى ۋە ياشىرلمايديغان بر نەرسەدر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاراسرا بۇجيھەتنى دە ئايدىنلاشدرشنى لازم تاپامز.

2

### قانداي يەڭگى رىجەلەر ئالدىدا تۇرامز؟

بۇ كۈنگە ئىشلەنگەن بۇ ئاز ئىشلەر ھەم نەزەرگە ئالنغاندا، ئۇلەرنىڭ بر جايدا قالماسدان، ئىلگەرىلەگەنى ۋە بر ئالارى يەڭگىلكلەر ۋۇجودغا كېلگەنىنى كورەمز. مەسەلەن باشدا تەزكرەچىلك بىلەن باشلانغان بۇ ئىش، سيكن - سيكن ئۇسقەن ۋە يەگيلەشگەن، فۇئادبىك تامانيدان يەڭگى بر مېتود بىلەن ئورگەنلە باشلاغان، حەتتا عەزىز عۇبەيدۇللىن ۋە ع. رەحيم نىڭ تاتار ئەدەبىياتى تەئرىخلەرىدە ماركسىزم ئۇسۇلىگە ياقنلاشا بارغاندر. ئەۋۋەللەردە ئايرم - ئايرم تەدقيق ئېتلەدىگەن تۈرك ئەدەبىياتى تەئرىخىنى، برنچى قاتلا كوپرۇلو زادە فۇئادبىك بر «كۆل» حاليدە تەدقيق قىلىش كېرەك بولغانىنى (1) ئورتاغا تاشلاغان ۋە بۇ يولدا تەجرىبە ھەم قيلغاندر، پرافيسسور سامالاۋيچ ھەم بو مەسئەلەنى ئەسەرلەرىدەن بريدە قوزغاتغاندر.

فەقەت يۇقارىدا ديگەنىمزدىك، بۇلەر بىلەن تۈرك ئەدەبىياتى تەئرىخىنىڭ يۈزدە بيش قائيزى ھەم ئاچيلغان ئېمەسدر. ئالدىمزدا يەنە بر تالاي مۇھم مەسئەلەلەر بار. بۇ مەسئەلەلەرنىڭ ئېڭ مۇھىملەرىنى مىن شۇلاردر ديب ئويلەيمەن: بر تاماندان تۈرك ئەدەبىياتىنى ئۆزىنىڭ ئىچكى دىئەلىكتىكەسى بىلەن ئورگەنش. بۇندا ئېڭ كوب شۇ ئۈچ نۇقتەگە ئەھەمىيەت بيرش كېرەك.

ئا) بۇتۈن تۈرك ئەدەبىياتلەرىنىڭ بر - برى بىلەن عەلاقەلك ئېنكشاف - يلسلەسىنى كورسەتش كېرەك.

1) كوپرولۇزادەم. ف. تۈرك ئەدەبىياتى تەئرىخى برنچى جيلد - ئىستانبول.

ب) تۈرك ئەدەبىياتى تەئرىخىنىڭ سنفى ئەساسلاردا بولغان ۋە بۇندەن تونقان ئنكشافىنى تەدقىق قىلش.

ج) تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ ئاغز ئەدەبىياتى، ئىسلامى ۋە غەيرى ئىسلامى سەجىيەلەرى بىلەن بولغان ئنكشافىنى ئايدىڭلاشدرىش.

ئىككنچى تاماندان بولسا ئۇنىڭ „تشقى حەياتىنى“ ۋە ئنكشافىنى تەدقىق ئىتش. بۇ جىھەتدەن ھەم قۇيىداغى ئىككى خۇسۇسىيەتنى ئەساس ئولاراق ئالش كىرەكدر.

ئا) مۇختەلىف تۈرك ئەدەبىيات ئوچاقلارىنىڭ تۈرك بولماغان قوشنى ئەدەبىيات ئوچاقلارى بىلەن بولغان مۇناسەبەتى.

ب) تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلى دەۋرلەردە تۈرك بولماغان قوشنى خەلقلارنىڭ ھەر قايسى ئجتماغى زومرەلەرى بىلەن بولغان مۇناسەبەتىنى بىلگىلەش. بۇلار حازر ئالدىمزدا تۇرغان رىجەلەرنىڭ ئىڭ ئۇلۇغلارىدر. شۈبھەسزكى بۇلاردان باشقا بر تالاي ئۆرگەنلىشى كىرەك بولغان بۈيۈك نۇقتەلەر ھەم باردر.

تەدقىق ساحەسىدە تۇرغان بۇ يوللاردا ھەلىگە داۋرۇر ھىچ بر ئش ئشلەنگەن ئىمەس ۋە ئشلەنگەن بولسا ھەم جۇدە جۇزئى ۋە ئازدر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئشلەنەدىگەن ئشلەر توغرىسىدا باشلاب نەزەرى بر تالاى ئشلەرنى حەل ئىتب ئۇندەيكن مۇعەييەن بر سىلسلە ۋۇجودگە كىلترش لازم. ئىڭ توغرىسى بۈتۈن ئشلەرنى باشلاب نەزەرى ئولاراق ئەساسلاندرش ۋە كىيندەن ئشگە باشلاش كىرەك.

3

## تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ «تشقى حەياتىنى» تەدقىق

بو توغرىدا بز مەقالەنىڭ يۇقارىسىدا كورسەتلگەن جىھەتلەردەن تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ تشقى حەياتىنى ئۆرگەنش حەقىداغى فىكرمزنى يازماقچىمز. بۇ توغرىدا فىكرلەرنى يورگزش ۋە بىلگلى بر حەرەكەت ئويغاتشغا مۇۋەففەق بولساق، ئۆزىمزنى بەختلك حىسابلايمز.

تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ تشقى حەياتى، يەعنى قاشغار، چىغا تاى، عوسمانلى، ئازەرى، تاتار... دىك موعيىەن تۈرك ئەدەبىيات ئوچاقلارىنىڭ تۈرك بولماغان بلگلى ئەدەبى قوشنى ئوچاقلار بىلەن بولغان مۇناسەبەتىنى، ئۇلەردەن عونسۇر ئال - بىرى دىك حادىسەلەر... ۋە سائىرە حەقىقىدا حازرغاچا ھىچ يارارلق بر ئش ئشلەنمەگەن ۋە بۇ مەسئەلە عىلمى ئولاراق ئورتاغا تاشلانب، ئۇنگە قانۇنى بر حەق بىرلمەگەندر. (بۇ توغرىدا قويىدا يازارمز) حالبوكى، قەناعەتىمزگە كورە بۇ خۇسۇسى تۈرك ئەدەبىيات تەئرىخىنىڭ ئىڭ موھم بر قسمىنى حاۋى بولغانىدىك، بۇنىڭ تەدقىقات بولىدا ھەم بۈيۈك بر ئجتماعى، ئەدەبى ئەھەمىيەتى بار. بۇنى ئۆرگەنش ۋە تەدقىق ئىتش كىرەك.

4

## مەدەنى عونسۇرلەر مۇئادەلەسى ۋە بۇنىڭ ئەساسى عامىللەرى.

بزنىڭ عونسۇرلەرىمز، بر تالاى قورووق ۋە بوش مۇحاكەمەلەردەن عبارەت ئىمەسدر. برنچىدەن ئنسانلق تەئرىخى ۋە تەئرىخنىڭ دىيەلىكتىكە قانونلارى كورسەتەدىكى، ھىچ بر ئجتماعى مۇئەسسەسە ۋە حادىسە مۇجەررەد ئولارق توغمايدى، ئوسمەيدى ۋە ئنكشاف قلمايدى، ئۇنىڭ توغوش، ئوسوش ۋە ئنكشاف قىلىشىدا ھەم تۈرلى عامىللەر ۋە حادىسەلەر بولادى، رول ئوينايدى ۋە ياشايدى. مەسئەلەنىڭ عومومى توزولوشى بۇندايدر. بۇ عومومى توزولوشنى، عومومىيەت بىلەن مەدەنى مۇئەسسەسەلەرگە ئۇنگەزسەك، ئو چاغدا عومومى مەدەنىيەتنىڭ بر حىسسەسى بولغان تۈرك مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تشقى مۇناسەبەت ۋە حەياتى، ئاتىنى بىرىب تورغانىمز بۇ مەسئەلە ئۆز-ئۆزىدەن يىشلگەن بولور.

بو ئورۇندا بز شۇندەی دەعوا قیلامز: ھیچ بر مەدەنییەت ئوزیدەن بۆرۇنغی، قوشنی مەدەنییەتلەردەن مۇجەررەدر، ئوزاق ۋە ئوز باشیغا، توغماس، ئوسمەس ئنكشاف ئیتمەس ۋە نیھایەت ئولمەس. (2)

يەنە قەتعى بر سۇرەتدە دىيەكچى بولساق، مۇعەييەن بر تەئرىخ بىلەن، مۇعەييەن بر جوغرافى مەۋقعدە ياشاغوچى بر مىللەتنىڭ ۋە يا خەلقنىڭ مەدەنىيەتى ئۆزىدەن بۆرۈنغى باشقا خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلەرىدەن، مەدەنى مۇناسەبەتلەرىدەن ئوزاق، مۇجەررەد ۋە ئۆز باشىغا توغماغانى ۋە توغا ئالماغانىدىك ياشايا ئالماس، ئنكشاف ئىمەس ۋە ئولە ئالماس. مۇتلەق ھەر بر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتى بۇ ۋە ياباشقا مىللەت ۋە خەلق مەدەنىيەتلەرى بىلە سنفى عەلاقەدە ۋە قارشىلقلى مۇناسەبەتدە بولادى؛ بۇلەرنىڭ بارىسى بر - برۇۋىنىڭ توغوش ۋە ئنكشافىنىڭ تەركىب ۋە ياردامچى عونسۇرلەرى بولادىلار.

شۈبھەسزكى بۇ حادىسە ئۆز باشىغا بولمايدى. يەنە بر تالاى ئەساسى سەبەبلەر ۋە عامىللەر ئارقالى جەرەيان ئىتب ئۆز يولىغا كرب، ۋۇجودغا كىلەدى. مەدەنىيەت، جەمعىيەت مەحسۇلى بولغانىدان بۇندا ئەساس رولنى، جەمعىيەتنىڭ ئەساس حەرەكەت فاكتورى، يەعنى ئستىحسال قۇۋەلەرى، ئقتسادى ئەساس ئوينايدى. بز، مەدەنىيەتلەرنىڭ بۇندەى بر-برۇۋىغا باغلق بولوب توغوش ۋە ئنكشاف قىلشلارىغا سەبەب ئولاراق، ئۈچ عامىل كورەمز. بۇلارنى ئەھەمىيەت ۋە جايلارىغا قاراب بۇندەى بلگىلەب بولادى:

1 ــ ئقتىسادى ئەساسلار،

2 - ئجتماعى - سنفى ئەساسلار. (دىنى، لسانى، عىلمى، ئەدەبى، مەدەنى، مەفكۇرەۋى).

3 - عرقى ئارالاشش ئەساسلارى.

بۇ ئۈچ ئەساس بر - برىگە عوزۇى ئولاراق باغلق خۇسۇسىيەتلەردر. مەمەسىنىڭ ئەساسى، باشى، ئقتسادى ئەساسدادر. بۇنگە قارشى بولماسدان بۇ ئۈچ ئەساسنىڭ ئۈچاۋىدا بر - براۋىنى توغدرغوچى ۋە ئنكشاف ئىتدرگوچىدرلەر. مەسئەلەنى يىشمەى قالدرماسلق ئۈچۈن بۇنى شو بر نىچە سەتر ئىلەن ئايدىڭلاتماقچىمەن.

بلگىلى مەدەنىيەت ئىگەسى بولغان خەلقلەر ئاراسىداغى ئقتسادى مۇناسەبەتلەر (سەۋدا ۋە دىھقانچىلق مۇناسەبەتلەرى) بۇندا توغادىغان مۇعەييەن مىللەت سنفلەرى ئاراسىداغى سنفى مەفكۇرە مۇبادەلەسى مۇناسەبەتىلە مۇعەييەن سىياسى - ئجتماعى (ئەدەبى، لسانى، عىلمى، دىنى، . .) مۇناسەبەتلەر ۋە ئو خەلقلەرنىڭ بۈتۈن بۇ سەبەبلەر يوزەسىدەن مەعروز قالغان عرقى ئوزگەرش ۋە ئارالاشش حادىسەلەرى، مۇعەييەن مەدەنىيەتلەرى بر - برىگە عوزۇى بولوب باغ-

2) „مەدەنىيەت“ تەعبىرى بزدە بەعزەن ياڭلش ئاڭلاشلادى. بۇنىڭ ئۈچۈن بزگە بۇندە بۇنىڭ بۈتۈن رۇحىنى بىرە دىگەن برتەعرىف بىرش كىرەك. بز مەدەنىيەت توغرىسىدا ئىڭ توغرى بر تەعرىف ئولاراق ل. تروتسكى نىڭ تەعرىفىنى كورەمز. ئو بۇندەيدر:

„Культура естьорганическая совокупность знания и умения, характеризующ я все общество или, по крайней мере, его правящ' й класс. Она охватывает и проникает все области человеческого творчества, внося в них единство систем".

Л. Троцкий. Литература и революция стр. 148.

ئالادى، بر - بىردە تولغادى ۋە بۇ يول بىلەن ئىنكىشافلارغا سەبەب بولادى.

مانە شۇ خۇسۇسىيەتلەر نەزەرگە ئالىنىپ، تۈركلەرنىڭدە بۇتۇن تەرىخلەرى كۆزدە تۇتۇلسا، شۈبھەسىزكى ۋۇجۇدقا كېلگەن تۈرك مەدەنىيەتلەرىنىڭدە تۈرك بولماغان باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن مۇتلەق بر كۆپ ئارالاش مۇناسەبەتلەرى بولوشى كېرەكلىگىنى، بۇنىڭ بار بولغانىنى كۆرۈپ بولادى. بۇنى تۈركلەرنىڭ بۇتۇن تەرىخى، ياقۇتلاردان باشلاپ، ئالتاي - ئورتا ئاسىيا تۈركلەرىنىڭ، ئىران، قافقاس، عراق، ئاناتولى، بالقان، قرىم، ۋولغا بويى تۈركلەرىنىڭ باشلىچا چىنلىلەر، ھندلىلەر، تونغۇسلار، موغوللار، فارسلار، عەرەبلەر يانە تېك مىللەتلەر، ئەرمەنىلەر، يونانلار، رومانىيالىلار، بولغارلار، روسلار، فرەنسوز ۋە بر كۆپ باشقا كەتتە، كىچىك مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسەبەتلەرنى كۆرسەتەدى. (3)

مانە بزنىڭ بۇ مەقالەمزدە بر ئاز سخېماتىك قويماقچى بولغانىمز تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ خارىجى ھەياتى مەسئەلەسىدە بوندەن عىبارەتتر. بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ تەدقىقى، تۈرك مەدەنىيەت تەرىخىنىڭ بر كۆپ نۇقتەلەرىنى ئايدىنلاتادى ۋە تۈرك ئەدەبىياتى تەترىخىنىڭ تۈزۈلوشىدە كەتتە رول ئويناىدى. بۇ تەمامەن قەتعى ۋە توغرى برفىكردر. بۇ يالغۇز تۈركلەرنىڭگە مەدەنىيەت تەرىخى ئۈچۈن ئېمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيەت تەرىخى ئۈچۈن كەتتە عىلمى ماتېرىياللار بىرە ئالادى.

## 5

## بو يولدا نىمەلەر ئشلەنگەن؟

يوقارىدا ئەيتكەنىمزدىك، بۇ مەسئەلە لايقىلە خازرغاچا چزلگەن ۋە ئۆرگەنلگەن ئېمەسدر. ھەم ئاۋروپالى تۈركولوغلار ۋە ھەمدە تۈركلەرنىڭ ئۆزلەرى تامانىدان بر كوپ نەرسەلەردىك بۇ ھەم سىزلمەگەن، ۋە بۇيۇك ھەم لازىمى دىقتەتگە شايان بولماغاندر.

بۇ ئارادا، برنچى قاتلا، ئىستانبول دارلفۇنۇنى، ئەدەبىيات فاكولتەسى رەئىسى، كوپرۇلوزادە مۇحەممەد فۇئاد، «تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ ئەرمەنى ئەدەبىياتىگە تەئسىرى» ئاتلى مەقالەسىنى مەيدانغا تاشلادى. بۇ مەقالەدە، كوپرۇلوزادە، ميللى بر تەعەسسۇب سەۋقى بىلەن «ئەرمەنى ئەدەبىياتىنىڭ تۈرك ئەدەبىياتىغا جۇدە كەتتە (؟) بر تەئسىرى بولغانىنى، ئاينقسا تۈرك خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەساسى ئېعتبارى بىلەن ئەرمەنىلەردەن ئالنغانىنى» بر تاقم ئويدۇرمالار بىلەن ئاۋروپادا يازغان بر ئەسەرى بىلەن دەعوا قىلادىغان بر ئەرمەنى مۇحەررىرىگە تەمام ئاببېكتىف بر جەۋاب برىش بىلەن برگە ئۆز مىساللارى بىلەن بۇنىڭ عەكسىنى ئسبات قيلماقدا ئېدى.

بۇ ئەسەرنىڭ ئىڭ كەتتە قىيمەتى، ئۇنىڭ مۇباحەسە قسمى ئېمەس، بەلكى فۇئادبېكنىڭ ئۆزىنىڭدە دىگەنىدىك بو يولدا ئشلەنگەن برنچى ئش بولىشىدادر. فۇئادبېك تەدقىقچى ياشلارنىڭ دىقەتىنى بىلخاسسە بۇ مەسئەلەگە جەلب ئېتەدى. ۋە بۇ يولدا قىلىنادىغان تەدقىقلەرنىڭ تۈرك مەدەنىيەت تەرىخىنى تولغازش يولىدا ئۇلۇغ خزمەت بولغۇسىنى كورسەتەر ئېدى. كوپرۇلوزادە برنچى توركولوژى قورولتايىدا بولغان چاقدا، خۇسۇسى بر مۇساحەبە زەمانى، ئاينقسا بو نوقتەگە جۇدە ئەھەممىيەت بىرىشىمزنى ۋە بۇ ئەترافدە جەددىيەت بىلەن ترشمەكنى ئايرا - قايتا قەيد ۋە تەۋسىيە قىلغان ئېدى.

تۈركچەدە، بەعزى ئەسەرلەردە تەسادۇفى ئۇلاراق قىلنغان قەيدلەردەن باشقا، بۇ خۇسۇسدا باشقا بر ئش ئشلەنمەگەندر.

ئاكادېمىك مارر، (قويىدا زىكر قىلا تورغان بر ئەسەرىدە)، ئورتا عەسر ئەرمەنى نەفىس سەنعەتلەرىلە ئورۇنغان زەمانداپ بېرى بۇ مەسئەلەنىڭ نەزەر دىقەتىنى جەلب ئېتگەنىنى قەيد ئېتىپ، خاص گورجى خاص ئەرمەنى شىعر ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئىران ئەدەبىياتى بىلەن برگە تۈرك ئەدەبىياتىنىڭدە تەئسىرى ئاستىدا قالغانىنى سويلەيدى. ھەتتا بۇ تەئسىرنىڭ ئورتا عەسر ئەرمەنى ئەدەبىياتىدا ھەم كۆركەملى سىزلگەنىنى عىلاۋە ئېتىپ، بۇ خۇسۇسغا كوب ئەھەممىيەت بېرگەنىنى، تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ گورجى ئەدەبىياتىغا تەئسىرى مەسئەلەسىنىڭ جۇدە جەددى بر تەدقىق ۋە دىقەتگە شايان بولغانىنى ۋە بۇ ئشكە جەددى، تەرىخى ئابىدەلەردەن باشلاش كېرەك بولغانىنى سويلەيدى (4)

برنچى تۈركولوژى قورولتايىدا مەسەلەن Поппе نىڭ ئالتاي تللەرى ياقنلىغى ھەققىداغى داكلادى (5) ۋە يا Генко نىڭ «تۈرك تللەرىنىڭ يافە تىك تللەرگە بولغان مۇناسەبەتى توغرىسىداغى مۇناسەبەتى ھەققىداغى داكلادى (6)، بۇ توغرىداغى مۇباحەسە ۋە ئېڭ سوڭ Ачарян نىڭ تۈرك ۋە ئەرمەنى تللەرىنىڭ قارشىلقلى تەئسىرلەرى» ئاتلى مەعروزەسى (7) ۋە باشقا بر تالاى مەيدە قەيدلەر بۇ توغرىدا كېرەك بولغان مەعلۇمات ۋە باشلانغچ ئەساسنى بېرە ئالادىلار.

فارس ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسەبەت ھەم ھېچ بر ھەقىقى تەدقىق قىلنماغان ۋە دائىما «تۈرك ئەدەبىياتى فارس ئەدەبىياتىنىڭ موقەللىدىدر» جۇملەسى تەكرار قىلنغانى حالدە ئورتاغا تولا ۋە كۈچلى دەلىللەر كىلتىرلمەگەندر. تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ فارس ئەدەبىياتىغا تەئسىرى مەسئەلەسى بولسا ھېچ ئۆرگەنلگەن ئېمەسدر. بۇ مۇھم ۋە مەدەنى حادىسە ئارقادا قالدرلب كېلگەن يالغۇز ئۇكراينا عالمى Крымский ئونى برنچى قاتلا جۇدە قورقو ۋە ئېحتىيات بىلەن بولسا ھەم قەيد ئېتىپ ئۆتكەندر. (8)

جۇدە ئاز بولغان بۇ تەدقىقلەردەن ھەم كورولەدىكى، تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ خارىجى ھەياتى بايدر. ھەر بر تۈرك ئەدەبىيات ئوچاغى تۈرك بولماغان قوشنى ئەدەبىيات ئوچاغلارى بىلەن جۇدە ياقن عە-

---

(3) بو حەقىقەتلەرنى كوره ئالمايدىغان براۋ، بر زەمان مارسلارنى ياقلاش مەقسەدى بىلەن «تۈرك ايرانلى..» ئىمزالى مەقالەسى بىلەن ئىران مەدەنىيەتىدە تۈركلەرنىڭ ھېچ ئشتىراكى حەقدارى بولماغانىنى ئسبات قىلماقچى بولغان ئېدى. بو توغرىدا تېفلسدە چىقادىغان «يېڭى فكر» گەزىتەسىنىڭ 1125 نچى سانى (30 نچى ئىيون 1926 نچى يل تەئرىخلى) داغى «تۈركنمى، فارسنمى ؟» دىگەن مەقالەمگە قارالسن.

(4) Из грузинско-персидских литеротурн. связей نىڭ Марр مەقالەسى.

Записки коллегии востоковедов при Азиатск. музее Академ. наук.

برنچى جلد. سەحيفە 114 - 115 لىنىنگراد 1925.

(5) История и современное положение вопроса نىڭ Поппе о взаимном родстве алтайских языков.

مۆزوعىداغى مەعروزەسى. برنچى تۈركولوژى قورولتايى ئستنوگرافى ئاچوتى (روسچە) سەحيفە 104 - 118، باكو 1926

(6) Об отношении турецких языков к яфетским نىڭ Генко языкам.

مۆزوعىداغى داكلادى. شۇ كىتاب سەحيفە 118 - 123

(7) Взаимное влияние тюркского и армянского نىڭ Ачарян языков.

مۆزوعىداغى دكلادى. شۇ كىتاب سەحيفە 152. ئېشىتكەنىمزگە قاراغاندا بۇئادەم بۇ توغرىدا بر لوغات ئايارلايدى. بۇ لوغەتنىڭ چىقىشى بو سەحادە جۇدە قىمەتلى ۋە كەتتە برئش بولغۇسىدر.

(8) История Персии ее литературы и نىڭ А. Крымский дервишской теософии.

ئەسەرى، جلد III (نومر 2 - 1 سەحيفە 143).

لاقەدە بولغان ۋە ئارادا مەدەنى عۇنسۇر مۇبادەلەسى حادىسەسى بۇتۇن كۈچى بىلەن، بۇ يالغۇز ياقن قوشنيلار ئاراسىدا بولغان ئىكەن دىب ئويلەنمەسن. يوق، تۈرك ئەدەبىياتىدا ئوندەى حادىسەلەر كۆرۈنەدىكى، ئۇلەر يالغۇز ياقن قوشنيلار بىلەن ئىمەس، حەتتا بىر - براۋىدان يىتەرلك دەرجەدە ئۇزاق ئۇلكەلەر ئەدەبىياتى ئاراسىدا هەم بۇندەى مەدەنى عۇنسۇر مۇبادەلەسى ۋە نۇفۇزلەرى جەرەيانىنى كۆرسەتەدر. (9)

## نەۋايى ۋە گۆرجى ئەدەبىياتى.

بۇ ميساللاردان حازرچا بىتەسىنى كۆرسەتسەك بولادى. بۇ، بر تاماندان بلخاسسە، بيش يۈز يللك بايرامىنى قيلغانيمز بۈيۈك تۈرك - چيغاتاي شاعىرى نەۋايىنىڭ ئۇلوغلىغىنى يەنە ئاچقراق كۆرسەتگەن-دىك، ئىككنچى تاماندان ئىددەعامزنىڭ قانچا حەقلى بولغانىنى هەم مەيدانغا تاشلايدى.

بزنى بۇ مەسئەلە بىلەن «گۆرجى - ئىران ئەدەبى عەلاقەلەرى حەققيداغى مەقالەسى بىلەن ئاكادىمىك «مارر» تانشدرادى. بۇ مەقالەدە ئاكادىمىك مارر فردەۋسى شاهنامەسىنىڭ گۆرجىچەگە تەرجۈمە قيلنغانى حەققيدا تەتەببوع قيلاتۇرۇب، تۈرك ئەدەبىياتىنىڭدە گۆرجى ئەدەبىياتىغا كەتتە تەئسىرى بولغانىنى ئسبات ئۈچۈن Ю. И. Абуладзе دەن نەقلەن بر ميسال كيلترەدى.

ئاكادىمىك مارر نىڭ كۆرسەتكەنىگە كۆرە Ю. И. Абуладзе ديگەن براۋ فردەۋسى شاهنامەسىنىڭ گۆرجىچە تەرجۈمەسىگە يازغان مۇقەددىمەسىدە بۇ حەقيقەتنى كۆرسەتەدى ۋە تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ گۆرجى ئەدەبىياتىگە كۆرسەتكەن تەئسىرىنى مەيدانغا تاشلايدى. بۇ ئەسەر 1916 نچى يلدە «گۆرجى ئىتنوگرافىيا ۋە تەئرىخ جەمعىيەتى» تاماندان تيفلىسدە «ئيسكى گۆرجى ئەدەبىياتى» سىرىيەسىنىڭ برنچى جىلدى بولوب «ئابولادزە» نىڭ باشلانغچ ۋە لۇغەتى بىلەن برگە باسلغاندر.

ئابۇلادزە بۇئەسەرگە يازغان مۇقەددىمەسىدە گۆرجى ئەدەبىياتىنىڭ ئىنتباه دەۋرىدە Возрождение تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ تەئسىرى ئاستىدا ۋۇجۇدغا كيلگەنىنى سويلەب بۇندەي ديدى:

«ئىحتىمالكى، самиани مەنزۇمەسى ۋە Ростомяни نەسرى بىلغان هەر ئىككى ئابيدەنىڭ تەرجۈمەسى، ئىنتباه دەۋرىنىڭ ئيلك باشلانغچيدا ۋە ياخود XVII نچى عەسرنىڭ ئيلك يللەرىدە، يەعنى تۈرك ئەدەبىيات ۋە حەياتى ياروقلارىنىڭ بزگە (يەعنى گۆرجىلەرگە ع. ن.) قاراب عەكس ۋە نۇفۇز ئيتكەن زەمانلارىدا ۋۇجۇدغا كيلگەن بولسن» (10)

«ئابۇلادزە» نىڭ ئىحتمال ۋە فەرەزىيەسى بوش ئىمەسدر. چۈنكى ماررنىڭدا تەسدىق قيلغانيدىك، شەهنامەنىڭ گۆرجىچە تەرجۈمەسىدە فردەۋسىگە يات بولغان بر كوب تۈرك كەليمەلەرى ۋە عۇنسۇرلەرى باردركى، بۇلار فەقەت گۆرجى ئەدەبىياتى ئىنتباه دەۋرىنىڭ ئىلك چاغلارىدا بولا ئالور ئيدى.

ئابولادزە ئۆز فەرەزىيەسىنى كۈچەيترش ئۈچۈن سوزيگە دەۋام ئيتب:

«بۇ فەرەزىيە، ئۇ ۋەزعىيەت بىلەن هەم تەسدىق ئيتلەديكى، ئىنتباه دەۋرى گۆرجىلەرى؛ ئيران ئەدەبىياتى نەمۇنەلەرى بىلەن برگە، عەينى زەماندا تۈرك ئەدەبىياتى ئالتۇن دەۋرىنىڭ ئىڭ ياخشى نەمايەندەسى نەۋايىنىگدە ئايدىنلاتار مەسەلەن، XVII نچى عەسرنىڭ برنچى يارىميداغى شاعرلەردەن нодар Персаланисдзе بەهرامى گۆرباشلانغچيدا؛ «نەۋايى بۇ قسسەنى چيغاتاي تليدە يازغان. بىز، جامىنىڭ هەم بۇنى فارسچا يازغانى حالدە، كمسەنى شاعرلكدە ئۇنىڭ بىلەن

(9) Из грузинско - персидских литературых свя- Марр‌نىڭ зей. Записки коллегии востоковедов при Азиатском музее ак. наук.

برنچى جلد. سەحيفە 110 لىنىنگراد 1925

(10) ئوشە ئەسەر سەحيفە 114

(يەعنى نەۋايى بىلەن ع. ن.) تىڭ تەسەۋۋۇر قيلائالامزمى؟» ديىدى. بۇندەن هەم كۆرۈنەديكى ئىنتباه دەۋرى مۇحەررىرلەرىگە تۈرك ئەدەبىياتى نەمۇنەلەرىدە، بيتشكەن ۋە مەعلۇم ئيدى. (11)

## عەمەلى نەتيجەلەر ۋە كيلگۈسى ريجەلەر.

خام ئۇلار ۋە خام بر ئالاي باشقا نوقتەلەر كۆرسەتەديكى، تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ خارىجى حەياتى بىلەن تانشماق بر كوب مەدەنى ۋە ئىجتماعى مەسئەلەلەرنى حەل قيلغۇسيدر. بۇنگە كەتتە ئەهمىيەت بيرش، بۇ مەسئەلەنى قانۇنى ۋە عيلمى ساناش ۋە ۋەتەنداشلق حەققى بيرش كيرەك.

فەقەت تۈرك ئەدەبىياتى تەدقيقچيلەرىنىڭ قارشىسىدا تۇرغان ئۇ، ريجەلەرنى حازردان بلگلەش ۋە قايدان باشلاش كيرەكلگىنى ئەۋۋەل - دەن كۆرمەك ۋە قدرماق لازمدر. چۈنكى بۇ سۇرەت بىلەن مەسئەلەگە يەنە شۇ عۇرلى ياقلاشغان ۋە يەنە عيلمى نەتيجەلەر قولغا كرگزگەن بولامز.

مەن بۇ خۇسۇسلارنى ئايدىنلاشدرش ئۈچۈن، ئۈچ كەتتە تەدقيق يوليدا بارش ۋە بۇ يوللار بىلەن نەتيجەلەر قولغا كرگزش مۇمكن بولغانىنى تەسەۋۋۇر ئيتەمەن:

1) تۈركلەرنىڭ ئىقتسادى تەئرىخلەرىنىڭ ئۆرگەنيليشى.

بۇ، تۈركلەرنىڭ مۇعەييەن تەئرىخى دەۋرلەردەگى ئىقتسادى ۋە خوجالق حەياتلارىنى ئايدىنلاشدراديگەنيدىك. قايسى ملەتلەر بىلەن ئىقتسادى عەلاقەلەردە بولغانىنى، قانداى ئىقتسادى عامىللەرنىڭ مەدەنى عۇنسۇر مۇبادەلەسى حادىسەسىدە رول ئويناغانىنى كۆرسەتەدى.

2) ميىنچە، بۇ بر تاماندان تۈركلەرنىڭ مەعنەۋى ئىنكشافلارىنى، بۇنىڭ يوللارىنى، ئىلگەريلەش ۋە ئارقاداقالشلارىنى ئايدىنلاشدرغانيدىك، قايسى ميللەتلەردەن، قانداي دينى عۇنسۇرلەرنىڭ ئالنغانىنى، بۇ عۇنسۇرلەرنىڭ تۈركلەرگە ئوتۇب قانداي شەكللەرگە كرگەنلەرىنى، ئەدەبىيات عالەميدە قانداي عەكس ئيتدكلەرىنى . . . كۆرسەتەدى. بۇ يول بىلەن تۈرك ئەدەبىياتلارىنىڭ باشقا ئەدەبىياتلار بىلەن بولغان مۇناسەبەتلەرىدە رول ئوينايدىغان بر كوب ئىجتماعى عامىللەر تاپلغان بولادى.

3) شۇل تەدقيقات نەتيجەسىدە تۈركلەر بىلەن ياقن عەلاقەدە بولغان خەلقلارنىڭ ئۆرگەنيلشى.

ئىككى ئەۋۋەلگى جيهەتلەر بىلەن برگە، بۇ خۇسۇسنىڭ بۇ ئىشدە جۇدە كەتتە ئەهمىيەت ۋە رولى باردر. چۈنكى بۇ يول بىلەن توغريدان توغريغا تۈركلەرنىڭ تەئرىخ بويى عەلاقەدە بولوندقلارى ميللەتلەرنىڭ تلى، ئەدەبىيات، تەئرىخ، حەياتى، مەعنەۋى ئىنكشافى ۋە باشقا برتالاي خۇسۇسيەتلەرى ئۆرگەنيلب، قانداي تۈرك عۇنسۇرلەرىنى حاۋى برلغانلارى وە قايسى تۈركلەرگە، قانداى عۇنسۇرلەر بيرگەنلەرى بلگيلى بولور. بۇ سوڭغى ماددەدە ئاينقسا لسانيات تەدقيقاتى بۈيۈك رول ئوينايديكى بۇ تۈرك ئەدەبى تللەرى ئىنكشافىنىڭ بركوب تومانلى نوقتەلەرىنى ئايدىنلاشدرا ئالادى. بۇندان باشقا، بۇ سوڭ تەدقيق ساحەسىدە توغريدان - توغريغا، بلاۋاسيتە ئەدەبيات تەدقيقلارىدا ئيڭ كەتتە نەتيجەلەر بيرە ئالادى.

بز بۇ مەقالەدە جۇدە قسقا ۋە سەتحى ئولاراق بۇ مەسئەلەنى نەزەرى قويماقچى بولغان ئيدك. مەقسەديمز بۇ يولدا بر تەدقيق نەمۇنەسى بيرش ئيمەس، ئاينقسا بۇ يولدا بر حەرەكەت ۋە نەزەرى ديققەت جەلب ئيتمەك ئيدى. بز ئىشانامزكى، بۇ مەسئەلە بىلەن عەلاقەلك كيمسەلەر ئۆز فكرلەرىنى سويلەش ميحنەتينى قەبۇل قيلب، بۇتوغريدا يەنە بيهراق، توغرى يول ۋە حەرەكەت خەتلەرى كۆرسەتشكە ئۆرونارلار.

(11) ئوشە ئەسەر سەحيفە 114.

# ناۋايى نىڭ يوبيلى ۋە تەرجۇمەيى حاليغا يەڭگى بر سەحيفە.

## عاشورا عەلى زاهيرى

چغاتاى ئەدەبيياتينىڭ بابا سى - ناۋايى نىڭ تۇغلغانيغا 500يل تولش مۇناسەبەتى بلەن ئوتكەن يل (1344 نچى ھ.) دە يوبيلى ياساماق ھەم ئونىڭ مۇفەسسەل تەرجۇمەيى حالينى نەشر ئيتمەك مەسئەلەسى قوزغاتلغان ئيدى. مەسئەلە؛ ئەدەبى ۋە تەئريخى جەھەتدەن جۇدە مۇھم بولغانى حالدا، بلمەدك، نيمە سەبەبدەندور؟ بو مەسئەلە جۇمھورييەت مقياسيدا عومۇملەشمەدى.

يوبيلى؛ سەمەرقەندده تيخنيكوم تەلەبەلەرى، قرقان دا مۇعەللەلەر نامانيدان قيلنغان - «كوسە» گينە بر مەجلس بلەن تۆگەدى.

«مۇفەسسەل تەرجۇمەيى حال..؛ قوزغاتلغانيچا قالا بيردى.

ناۋايى؛ ئازار بايجان تل ۋە ئەدەبيياتيغا ئو قەدەر خزمەت قيلماغان بولسا ھەم، عوموماً ئونىڭ خزمەتينىڭ اولوغلغينى ئيحترام ئيتب، تۇغلشينىڭ 500 نچى يليدە ئونى ئيسكە ئلب، برنچى بۇتۇن ئتتيفاق تۆركياتچيلار قۇرولتايى كۆنلەريدە تەنتەنەلى يوبيلى ياسادى. ھەم «بۆيۆك تۆرك شاعرى مير عەليشير «ناۋايى» (بيش يۈز يللگى مۇناسەبەتى بلەن)» ديب 107 سەحيفەلى تەرجۇمەيى حال ۋەعلمى تەحليللەرنى حاۋى بر كتاب نەشر ئيتدى.

بۇندەن باشقا ئونىڭ بۇ كۆنگەچە باسلماغان، قول يازمانۇسخەسى ھەم ناياب ئەسەرلەريدەن: «ۋەقفييە»، «مۇنشەئات» ئسملى كتابلارينى باسب تارقاتدى.

ليكن بز، ئو (ناۋايى) نى كەتتەمزدەن - كچيكمزگەچە، ساۋادليلاريمزدان - ساۋادسزلاريمزغاچا بلگەن - تەنيگەنيمز؛ ئونىڭ تليدەن، فەلسەفەسيدەن حكمەتلى سوز ۋەقاچرملاريدان فايدالانغانيمز ۋەلەززەتلەنگەنيمز حالدا، ئونىڭ ئيحترامينى جاييغا ييتكزە ئالمادق. اۇلوغ بابامزنىڭ يوبيليسينى ياخشيلاب قارشى ئالا ئالمادق.

شۇ ئۈچۈن مين. قوييداغيلارنى ديمەكچى مين:

1 - ياش ساناغيدا ئاى ياى (سەنەيى قەمەرييە) ئيعتيبار قيلنماسدان، كۆن يلى (سەنەيى شەمسييە) ئيعتيبار قيلنا دى. (ئارامزداغى مۇچەل حسابيمز: مۇش، بەقەر . . . ھەم كۆن يلى حسابى بلەن، يەعنى: حەمەل، سەۋر . . . حسابى بلەن دور).

ناۋايى نىڭ تۇغلشيغا 500 يل تولشنى ھەم كۆن يلى حسابى بلەن حسابلاماق لازمدر. شۇنداق بولسا، ناۋايى ميلادى بلەن 1440 نچى يلدە تۇغلغانلغيدان، ئونگە 500 يل - 1940 نچيدە تولادى.

شۇ ئۈچۈن ئۇنگەچە جۇدە ياخشى حازرلق كورب، يوبيليينى 1940 نچى يلدە قلساق.

2 - مۇفەسسەل تەرجۇمەيى حاليغا حازردان كريشە بارب، قاچان تاييار بولسا نەشر قيلساق.

بۇنىڭ ئۈچۈن علمى مەركەز حۇزوريدە بر كەميسيە بلگيلەبقويش مۇۋافق تاپلادى.

3 - يوبيلى گەچە 13 يل بارلغيدان فايدالانب، تەرجۇمەيى حالنى مۇمكن بولغانيچا مۇكەممەل چقارماق حەرەكەتدە بولساق.

ديمەكچى مين كم، ناۋايى حەقيدە غەرب عالملاريدان Silvetre de Sacy تامانيدان نەشر ئيتلگەن مەعلوماتينى ۋە M Belin نىڭ (1861 نچى يل) «ژورنال ئزياتيق» دا يازغان مۇفەسسەل تەرجۇمەيى حالينى؛ شەرق عالملاريدان: «تحفە سامى» «تذكرة الخطاطين» «نخبة التواريخ والاخبار»، «روضة الصفا»، «حبيب السير» ئيگەلەرينىڭ ناۋايى حەقيداغى مەعلوماتلارينى ھەم ناۋايى نىڭ ئوز ئەسەرى «مجالس النفائس» دە ئوزيگە عائد بيرلەرينى ياخشى تيكشرب، ئونىڭ تەفتيشكە مۇختاج قارانغو نوقتلارينى باشقا ئەسەرلەردەن ئاقتارب، مەتبوعاتدا شۇ ۋەقتگەچە كورلمەگەن - يەڭگى تاپلغان ماتيريالارنى مەيدانغا چقارش كيرەك.

شۇنداق قيلا بارغانيمزدا «مۇفەسسەل تەرجۇمەيى حال» ۋوجۇدگە چقارغان بولۇرمز.

مەنە شۇ مۇددەعا غا باشلاب مين، قوييدا غى ماتيريالنى يوبارامين،

ناۋايى نىڭ تەرجۇمەيى حاليدا:

«......904 نچى ھ. سۇلتان حۇسەين نىڭ مەرۋگە قويغان ئوغلى ئاتا سيغا ئيتاعەت قيلماقدان بوين تۆلاغانيدان، پادشاھ دەر غەزەب بولب، عەليشيرنى هيرات دا قالدرب، ئوزى مەرۋگە كيتدى. ئۈچ ئاى مۇحاسەرە دەن كيين ياراشدلار. مەنە شۇ ۋەقتدە ناۋايى كوب زەمانلاردان بيرى ئويلاب يۈرگەن حەج سەفەريگە كيتمەك قەسديدا هيرات دان چقب «مۇشتەمەد»گە باردى. ئو بيردەن حەكيم عەبدۇلحەى نى پادشاهغا يوبارب رۇخسەتينى كۈتب تۇردى. بر نيچە كۆندەن حەكيم عەبدۇلحەى پادشاهدان بر خەت كەلتردى. پادشاه؛ مەملەكەتينىڭ (ئوشا ۋەقتدەگى ئالغاۋ - دالغاۋ) ئەحوالينى بەيان ئيتب ناۋايى بو سەفەريدەن قايتماغينى ۋە يانيغا كيلمەگينى سورادى.....» ديگەن ييرى بار.

ناۋايى رۇخسەت سوراب حەكيم عەبدولحەى نى يوبارغانداخەت يازب - عەرزە بيلەن يوبارغاندر. پادشاه ھەم خەت يازب ئونىڭ بارماسلغينى، قايتب كيلشلگينى سوراغاندر.

بۇ خەتلەرنىڭ نۇسخەسى ناۋايى حەقيدە يازلغان كتابلارنىڭ ھيچ بريدە يازلماغان. تەرجۇمەيى حاليدا شۇنداق نوقتالارى ھەم بولغاندا جۇدە ياخشى بولۇر ئيدى.

كيينگى ۋەقتلەردە مينم قولمغا تۈشكەن بر كتابدا *) شۇ ئيككەلە خەت ھەم بار ئيكەن. يوقاريدا ئەيتلگەن مەقسەدغا بنائەن ايككەۋينى ھەم بو ييرگە كوچردم.

I (عەينەن)

### ميرعلى شير در باب رخصت حج بسلطان حسين ميرزا نوشته.

نى دادى صعب ابمش فنا صحراسى
كيمندور كيررگە يوق بلا ياراسى
هر گز چە اتوب چخمدى نا پەداى
كمدين كشى ايستگاى نشان ءالقاسى.

غرض بۇ رباعيدين بۇ دۇرگە چۇن عمر - تار عنكبوت رشتەسيدين ھم ئنجر كدور ھم نازكراق، حيات كونڭلاكى ئۇنينك پردە

---

*) بو كتابنىڭ باشيدان ھەم بر ئيككى، ئەخيريدەن ھەم بر ئيككى بيتى يوق. شۇ ئۈچۈن كتابنىڭ ئسمى، مۇئەللىفى، قاى ۋەقتدە يازلغانلغى مەعلوم ئيمەس. مۇندەريجاتى: ئسلام دۇنياسيداغى پادشاھلار مەعلۇم ۋەمەشھور كشيلەر، ئۇلوغ عالملارنىڭ مەكتوبلەرى ۋە يازشمالارى. مين ئۇنى ئوزمچە: «مەكتوبات» ديب ئسملەيمەن.

ع. ز.

سیدین هم بۇقارا قدور هم چوروکراك واجل تند بادی اثری فلك اطلسین پاره - پاره قیلغان زور آور ابرور.

بس، بو عمر تاریخا بی بنیاد واول حیات کونکلیگه اعتماد خصو صاکه بو خسته بدنگه اولوم ضعفی استیلا ایمش، مرضلر غباری صحتلر یوزیگه زعفرانی پردەلر چەکمش، سن کسرتی - سن عددیگه برابر بولمش یعنی آلتمش حسابیگه شماره‌سی یتمیش واول اجل شحنه‌دین نشانه کورگوزگای وبای قدبله حیات اوقین یبراق آتماق اسبابین تۈزگای.

بس، فقیر بو حالیدا ففروا الی الله حوکمی بیله تینگری اوییگه بارماغای بس قایدا بارغای؟

کیچدی عمر بارچا غفلت برله نادانلقدا حیف
قالغانی صرف اولدی اندوه وپشیمانلقدا حیف

---

قویغیل مینی کعبه ساری کیتکای مین
اول مسجد اقصاره داخی بیتکای مین
بو خسته کونگلکه تینگری تینك خاص اوییدور
گر جانینی توتمیەسین سینکای مین.

ئیسلاتمە: قولمداغی کتابنی یازغان کشی، ئومریدە تورکچە سوزنی ئیشیتمەگەن، یازماغان کشیگە ئوخشایدور کم، یوقاریداغی سوزلەرنی ملك مەشەققەت بلەن تاپیب یازدم. ئەحتیمال، جۇدە توغریسینی تاپا ئالماغانلارم هەم بولغاندور. تاپقسا روایاتلاریدا خەتاسی بولسە کیچرلسون ع. ز.

## سواد کتابت سلطان[*] حسین میرزا بخضرت امیر علیشیر نوشته‌شد.

(سولتان حۇسەین میرزا نك خەتی - فارسچا عەینەن.)

کتاب رکن السلطنة الدین ودولت قدوه اصحاب ملك وملت مؤسس الخیرات وموفق المبرات اعضادالدولة الخاقانی مغرب السلطانی نظام الملة والدنیای والدین علی شیر زاد اللهتعالی ابدا من توفیقانه دعوات لطف آمیز وصنوف تسلیمات شوق انگیز ارسال داشته آرزومندی بملاقات فایزالبرکات زیاده از احاطه شرح وبیان ست.

بعد هذا تصویر ضمیر آنکه روز جمعه پانزدهم رجب مولانای اعظم مولانا عبدالحی آمده کفت صحت وسلامت وخبر خیر ورفاهیت واستقامت مزاج شریف رسانیده بران موجب مسرت بیغایت گشت وقبل از رسیدن او خبر عزیمت جانب حجازکه در ضمیر منیر تصمیم یافته بود از افواه والسنه میرسید اما چون از ثقه استماع نمیشد وموثوق نمی گشت تا آنکه از مضمون کتابتی که در صحبت مشار الیه ناظم اعاظم قوام السلطنه والخلافه خواجه افضل الدین محمد نوشته بودند چنان مستفاد گشت که درین ولا آن داعیه رسوخ وتجدید یافته خیال آن عزیمت جزم فرموده اندصورت آنست که بر همکنان بلکه بر عالم وعالمیان ظاهر خواهد بودکه رابط اتصال ویکجهتی وعلاقه ارتباط ومحنفس با آن جناب من المهد الی اللحد ۱) بچه مثابه مسلوك فرموده ومیفرمایند ودر همه اوقات واحوال رضاجوی خاطر شریف آنجناب برتمامی مطلوبات خود مقدم داشته اینمعنی را ازدلایل دولت بیشمار شمرده ومیشماریم والحق در مقابل آن آثار دولتخواهی واخلاص خیر اندیشی واختصاص ازان جناب بظهور رسید ومیرسد چون از آفتاب روشن ترست تفصیل آنرا فایده نیست خود میداندکه هرگز تکلف ومغایرتی در میان نبوده وهمه وقت بسخنان می گذشت که هرچه آن رکن الدوله را از قاعده نیکوخواهی وخیر اندیشی بخاطر رسد بانه رخصت کفتن آن داشته باشد وما را نیز هر چه بخاطر میرسد از روی اشفاق ظاهر میفرمودیم اکنون با وجود آنکه نیت مهاجرت صوری که درین وقت جزم فرموده اند بنوعی شاق میگذردکه مزیدی بران متصور نیست اما چون رضای ایشان را برضای نصایح خود تقدیم میفرمایم از رخصت واجازتی که واقع شده باز نمیگردیم ولیکن آنچه بخاطر میرسد تنبیه آن لازم است ظاهر خواهد بودکه درین امنیت طریق شرطست ومعلوم داړند که درین ایام حالت عراق وبغدادکه ممر عبورست چگونه پریشان وبی استقامتست ودر حدود مصر وشام بر انواع تفرقه استماع می افتد در دانیست که اگر مخالفت طریق چندان باشد که بیموجبی کس دست درمیان رس نتواند زدن ورفتن جایزست اگر درین ولا خوف راه اندیشه رسد چگونه تواند بود؟ چون خود میفرمودند که جهت نا امنی راه چیزی قلوری تربیت یافته که اگر ضرورتی باشد بمحل مخوف رسیده باشد وهر یك از ملازمان چیزی همراه ازان داشته باشند دیگر آنکه چون تمادی ایام سفر ظاهرست وبر عمر اعتماد نیست اگر بکنوبت دیگر ملاقات فرموده قاعده خیر بتقدیم رسد میتواند بود اما با وجود این در حال ازین مقدمات رضای خاطر ایشان مقدمست وبهیچ نوع ولخواه خودرا بر مطلوب ایشان اختیار نمی فرمایم وبا وجود این حل ازین مقدمات که نوشته شد دغدغه نیزهست مبادا بخاطر اشرف غباری رسد تصویر فرمایند که غرض ازین سخنان منع عزیمت ایشانست چون همیشه از روی دولتخواهی آنچه بخاطر ایشان میرسیده بی تکلیف گفت وشنود مینموده اند ما را نیز نمودکه هرچه درین ابواب بخاطر رسد اشعار فرمایم باقی رای صوابنما مختارست وهرچه بصلاح مقردن خواهد بود بتقدیم خواهد رسید سعادت دارین باد.

---

ناۋایی نك مەکتوبینی حازرغی ئملامزگە ئوزگەرتشنی لازم کورمەگەنمەدك، سولتان حۇسەین نك هەم خەتینی تەرجۇمە ئیتمەك لازم کورلمەدی.

III

ناۋایی غا هەرکم تامانیدان یازلغان مەرسیەلەر کوپ. ئولەرنك ئیچیدە مەنە بۇ ئوییداغی رەۋشدە هیچ نەرسە کورلگەنی یوق ئیدی. بۇ مەرسیە؛ ناۋایی نك مینم قولمداغی دیۋانیدا بار. باشقا دیۋانلاریدا یوق. سوزلەری ناۋایی نك ئوزی نکیگە ئوخشایدور. لیکن ئو ئوزینی - ئوزی بۇنداق ماقتاب یازماس. ئەمما کم یازغەنی هەم مەعلوم ئیمەس.

ئونی هەم بۇ بیرگە کوچردك:

سوز گلشنی نینك بلبل گویاسی نوایی
معنی صدفی نینك دریکتاسی نوایی
قرآن ایچیدا یاد قیلیب حق دیدی انسان
انسان چمنی نینك گل رعناسی نوایی

---

۱) ئوزینك نۇسخەسیدە مالی المهد، یازلغان. ع. ز.

عيسى كيبى جان بخش سوزى جانغه مؤثر
موسى كيبى معنى يد بيضاسى نوايى
هم مرشد انگا حضرت مخدومى جامى
اول وجه ايله كيم گهر افشاسى نوايى
